# «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى»غا بەش سوئال

ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل قېرىنداشلىرىمىز سەمىگە:

يېقىندا ئۆزلىرىنى ئاتالمىش «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى» دەپ ئاتىۋالغان بەزى كىشىلەر ھەرخىل ناملار بىلەن مەسىھ قېرىنداشلىرىمىزنى ئازدۇرماقچى بولۇپ ئارىمىزغا سوقۇنۇپ كىردى. بۇ خىلدىكى كىشىلەر بىلەن باشقا سورۇنلاردىمۇ ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. قېرىنداشلىرىمىزغا مەلۇم بولۇشى كېرەككى، ئۆزىگە ئاتالمىش «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى» دېگەن نامنى قويىۋالغان بۇ كىشىلەر بىدئەت (ھەقىقەتتىن ئازغان) بىر مەزھەپكە تەۋە كىشىلەردۇر. بۇ مەزھەپ بەزىدە ئۆزىنى «كۆزىتىش مۇنارى» (رۇسچە «باشنيا»، ئىنگلىز تىلىدا «WATCHTOWER») دەپمۇ ئاتايدۇ.

بۇ كىچىك كىتابچىنى يېزىشتىكى مەقسەت: (ئا) ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇشۇ تەشكىلاتنىڭ ناتوغرا تەلىمىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ يېتىشى ئۈچۈن؛ (ئە) ئۆزىگە «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى» دېگەن نامنى قويىۋالغانلارنى سەمىمىي ۋە كىچىك پېئىللىق بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شۇ تەشكىلاتنىڭ بىدئەتلىك ھەم ئالدامچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ، رەببىمىز ئەيسا مەسىھتە بولغان

ھەقىقىي نىجاتلىقنى تېپىشى ئۈچۈن.
«كۆزىتىش مۇنارى» دېگەن مەزھەپ 1871-يىلى مەيدانغا كەلگەن؛ ئۇلار مەيدانغا چىققاندىن تارتىپ تەلىملىرىنى ئۈچ-تۆت قېتىم ئۆزگەرتكەن. ئۇلار «ساختىا خۇش خەۋەر» ۋە «ساختا ئەيسا مەسىھ»نى تەشۋىق قىلماقتا.

«يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى» دېگەن بۇ مەزھەپ ئۆز نامىنى «يەشايا» 10:43 ۋە 8:44دىكى ئايەتكە ئاساسەن قويغان:

—

«سىلەر مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىمدۇرسىلەر، ... دەيدۇ ياھۋەھ (پەرۋەردىگار)»،
كۆپلىگەن ئىبرانىيشۇناسلارنىڭ پىكرى بويىچە پەرۋەردىگارنىڭ نامى «يەھۋا» ئەمەس، بەلكى «ياھۋەھ» بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز بۇ كىتابچىمىزدا بۇ بىدئەت مەزھەپنىڭ ئۆزلىرىگە قويۇۋالغان نامىنى ئۆز پېتى بويىچە، «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى» دەپ ئالدۇق.
ئوقۇرمەنلەر تەۋراتتىكى يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئالدى-كەينىدىكى گەپلەردىن ئېنىق كۆرەلەيدۇكى، بۇ سۆزلەر ئەسلى يەھۇدىي خەلقىنىڭ «قالدىسى» (ياكى «قالدۇقى») غا، يەنى شۇ دەۋردە پەرۋەردىگارغا سادىق بولغان ئىخلاسمەن يەھۇدىيلارغا ئېيتىلغانىدى. دېمەك، ئايەتتە ئېيتىلغان «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى» بولسا يەشايا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىكى خۇداغا سادىق بولغان ئىخلاسمەن يەھۇدىيلارنى

كۆرسىتەتتى؛ ئېنىقكى، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئۆزلىرىنى ئاتالمىش «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى» دەپ ئاتىۋالغانلار ئايەتتە دېيىلگەن گۇۋاھچىلار ئەمەستۇر. ھەقىقىي «ياھۋەھنىڭ گۇۋاھچىلىرى»نىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

تەۋراتتىكى «ياھۋەھ» دېگەن نام ئۇيغۇر تىلىدا «پەرۋەردىگار» (پارىسچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «پەرۋىش قىلغۇچى خۇدا»دۇر) دەپ ئېلىنغان. مۇقەددەس كىتابنىڭ ئۇيغۇرتىلىدىكى «كالام» تەرجىمىسىدە شۇ نام «پەرۋەردىگار» دەپ ئېلىنغان؛ شۋېد قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قەشقەردە 1930-يىلى ئىشلىگەن تەرجىمىسىدە («قەشقەر تەرجىمىسى»دە) «ياھۋەھ» دېگەن نام «خۇداۋەندە» دەپ تەرجىمە قىلىنغان؛ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»دىمۇ «پەرۋەردىگار» دەپ ئېلىنماقتا. خەنزۇتىلىدىكى «خېخېبەن» تەرجىمىسىدە «ياھۋەھ» سۆزى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە بىۋاسىتە «يېخېخۋا» دەپ ئېلىنغان.

«مىسىردىن چىقىش» دەۋرىدە مۇسا پەيغەمبەرگە ئاتا قىلىنغان ۋەھيي بويىچە «ياھۋەھ» دېگەن نامنىڭ مەنىسى «ئەزەلدىن بار بولغۇچى»، «مەڭگۈلۈك بولغۇچى» ياكى «ئۆزۈم باردۇرمەن» دېگەندەك بولىدۇ («مىسىردىن چىقىش» 15:3). «ياھۋەھ» دېگەن نام «يارىتىلىش» 4:2دە تۇنجى قېتىم ئىشلىتىلگەن. خۇدا ھەر قېتىم ئىنسان بىلەن ئەھدە

تۆزگەن چاغلىرىدا ياكى ئىنسان بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە سۆزلىگەن چاغلىرىدا ئاساسەن شۇ نام كۆرۈلگەن؛ سەۋەبى شۈبھىسىزكى، شۇ نام ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس ماھىيىتىنى، ئىزچىل بولۇپ كەلگەن كۆيۈمچانلىقىنى ۋە بىرخىللىق مېھرىبانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ھەردائىم ھەربىر ۋەدە سۆزلىرىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. پارسچە «پەرۋەردىگار» دېگەن ئىسىم شۇ مەنىگە ئەڭ يېقىن كېلىشى مۇمكىن، چۈنكى پارس تىلىدىكى «پەرۋەردىگار» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «خەۋەر ئالغۇچى»، «پەرۋىش قىلغۇچى»دۇر. بەزى ئالىملار ئۇنى «دائىم بولغۇچى» دەپمۇ تەرجىمە قىلىدۇ.

بەزىدە شېئىرلاردا «ياھۋەھ» دېگەن نام «ياھ» دەپ قىسقارتىپ ئېلىنىدۇ.

تۆۋەندە «كۆزنىنىش مۇنارى» تەشكىلاتىنىڭ بەزى تەلىملىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. بۇلارنى ئوقۇسىڭىز، مۇقەددەس كىتابنى تەپسىلي ۋە ئەستايىدىل ئوقۇغانلارغا نىسبەتەن، بۇ «تەلىملەر»نىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنىدۇ: —

(ئا) «كۆزنىنىش مۇنارى» تەشكىلاتى رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ پۈتۈنلەي ھەم ئىنسان ھەم خۇدا ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، بەلكى ئۇلار مەسىھنى يارىتىلغان بىر

پەرشتە دەپ تەلىم بېرىدۇ.

(ئە) ئۇلار مۇقەددەس روھنى پەقەت بىر «روھىي كۈچ» ياكى «نەسىر» خالاس، دەپ تەلىم بېرىپ، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ «ئاتا، ئوغۇل، مۇقەددەس روھ»تىن ئىبارەت ئۈچ بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ.

(ب) ئۇلار: — خۇدانىڭ مېھرى-شەپقىتى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن «يېڭى ھايات»، يەنى «مەڭگۈلۈك ھايات»قا ھەممىلا ئىنسان ئېرىشەلمەيدۇ، پەقەت «ۋەھىي» 7:1-8دە تىلغا ئېلىنغان 144000 ئالاھىدە شەخسلا شۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ، دەپ تەلىم بېرىدۇ (گەرچە «ۋەھىي» 7:1-8دە مۇشۇ 144000 كىشىنىڭ ئىسرائىلنىڭ 12 قەبىلىسىدىن بولىدىغانلىقى ئېنىق بايان قىلىنغان بولسىمۇ!).

(پ) ئۇلار: — رەببىمىز ئەيسا مەسىھ كىرېستكە مىخلانغاندا ئادا قىلغان مۇكەممەل ۋە ئۇلۇغ قۇربانلىقنىڭ تولۇق نىجات-قۇتقۇزۇشنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار مەسىھنىڭ ئۆزىنى قۇربانلىق قىلىشى پەقەت گۇناھلارنىڭ بىرخىل «شەرتلىك كەچۈرۈم قىلىنىشى»نى ۋۇجۇدقا چىقاردى، دەپ تەلىم بېرىدۇ. شۇ تەلىم بويىچە ئىنسان «كەچۈرۈم قىلىنىش» ۋە «خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىش» سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، «كۆزىتىش مۇنارى» تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولۇشى ۋە تەشكىلاتنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىدىن چىقماي، ئۇنى چىڭ تۇتۇشى، بولۇپمۇ ھەر ھەپتىدە بىرنەچچە سائەتلەپ ئۆزلىرىنىڭ تەلىمگە

ئشەنمگەن كشلەرگە «گۇۋاھ بېرىش» خىزمىتىنى قىلىشى كېرەك.

ئەگەر تەشكىلاتىنىڭ بىر «پىشقەدەم ئەزاسى»دىن سىز «مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتىڭىزمۇ-يوق؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ «بۇنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس» دېمەي قالمايدۇ.

(ت) گەرچە ئىنجىلدىكى «ۋەھيي» دېگەن كىتابتا «رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق پادىشاھلىقى» يەر يۈزىدە پەقەت 1000 يىل يۈرگۈزۈلىدۇ، ئاندىن «مەڭگۈلۈك يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن» پەيدا بولىدۇ» دەپ ئېنىق بايان قىلىنغان بولسىمۇ، «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى» بۇ «مىڭ يىللىق پادىشاھلىق»نى مەڭگۈلۈكتۇر، دەپ تونۇۋالىدۇ.

(چ) «كۆزىتىش مۇنارى» تەشكىلاتى ئۆز ئازالىرىغا: ئوپېراتسىيە قىلىنغاندا ياكى باشقا سەۋەبتىن قان سېلىنىش زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك، دەيدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا تەۋراتتىكى «لاۋىيلار» كىتابىدا يەھۇدىي خەلقىگە ئېيتىلغان «قان يېيىش مەنئى قىلىنغان» دېگەن ئايەت («لاۋىيلار» 14:7)نى ئاساس قىلغان.

(ج) «كۆزىتىش مۇنارى» تەشكىلاتى مۇقەددەس كىتابتىكى «ئادەمنىڭ روھى» دېگەن ئىبارىنى پەقەت «ئادەمنىڭ نەپەسى»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەلىم بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئادەم ئۆلگەندە، «جان ئۇخلاش» ھالىتىگە كىرگەن بولىدۇ، «ئۇ ئۇخلاۋاتىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇ «ئۇخلاش»تا ئادەمنىڭ ھېچقانداق سېزىم-ھوشى بولمايدۇ، دەيدۇ. كېيىن

«تىرىلىش كۈنى» كەلگەندە، ئۇخلاپ قالغان ھاياتلىق ئەسلىگە قايتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

(خ) «كۆزىتىش مۇنارى» تەشكىلاتى رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلگىنىنى جىسمىدا تىرىلىش ئەمەس، پەقەت «روھىي تىرىلىش» دەپ تەلىم بېرىدۇ.

«كۆزىتىش مۇنارى»نىڭ تەلىملىرىدىن ھەقىقەتتىن چەتنىگەن 300دىن ئارتۇق ساختا تەلىمنى كۆرسىتەلەيمىز. ئەمما شۇلارنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىشكە سەھىپىمىز يەتمەيدۇ. تۆۋەندە قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرىدۇرمىز» دەيدىغانلاردىن سورايدىغان بەش سوئالىمىز بار. ئۇلار بۇ بەش سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي، ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز. بۇ سوئاللار ئەسلىدە ياقۇپ پىراش دېگەن ئالىم تەرىپىدىن قويۇلغان. پىراش ئەپەندىنى تەۋراتشۇناسلىق، ئىنجىلشۇناسلىق ساھەلىرىدە مۆتىۋەر، شۇنداقلا ئىبرانىي تىلى ۋە يۇنان تىلى ساھەسىدە ئالىم دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

بۇ سوئاللار ھەرگىز «مەلۇم بىرسىنى توغرا، مەلۇم بىرسىنى خاتا» دېيىش مەقسىتىدە قويۇلغان ئەمەس، بەلكى «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى» دېگەنلەرنىڭ ھەقىقىي نىجاتلىقنى تېپىشى، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولۇشىنى كۆزلەپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇشۇ يەردە ئېتىقادچى

قېرىنداشلىرىمىزغا روسۇل پاۋلۇسنىڭ تىموتىيغا تاپشۇرغان ۋەسىيەت-تەلىملىرىنى ئەسكەرتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ: —

«ئەمدىلىكتە رەبنىڭ قۇلى جېدەللەشمەسلىكى، بەلكى ھەممە كىشىلەرگە مۇلايىم-مېھرىبان، تەلىم بېرىشكە ماھىر، سەۋر-تاقەتلىك بولۇشى كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن ئۆز-ئۆزىگە قارشى بولغانلارغا ئۇ خۇدا بەلكىم ئۇلارغا ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىشىگە توۋا قىلدۇرغان قەلبنى بېرەر دەپ، مۆمىن-مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلسۇن؛ بۇنداق بولغاندا ئۇلار ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، ئۆزلىرىنى ئۆز مۇددىئاسىغا ئەمەل قىلىشقا تۇتقۇن قىلغان ئىبلىسنىڭ تۇزىقىدىن قۇتۇلالايدۇ» («تىموتىيغا (2)» 2:24-26)

شۇڭا، بىز ھېچقانداق ئادەمنى كەمسىتمەيلى، ھەممە ئادەملەرگە كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق بىلەن ياردەم بېرىشكە تىرىشايلى. قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئاچقۇچى پەقەت پەرۋەردىگارنىڭ روھىدۇر.

سىز «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى»دىن بولسىڭىز، تۆۋەندىكى بەش سوئالنى ئەستايىدىل كۆرۈڭ (ياقۇپ پىراش)

(ئا) ئەيسا مەسىھ پەرىشتىمۇ؟
(ئە) خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ ئۆزى خۇدامۇ، ياكى بىرخىل «روھىي كۈچ»مۇ؟

(ب) سىزنىڭ «ساختىا پەيغەمبەر»گە ئەگەشكىنىڭىز توغرىمۇ؟
(پ) ئىنسانىنىڭ روھى پەقەت «نەپەس»لىمۇ؟
(ت) مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشى ھەقىقىي جىسمانىي تىرىلىش ئەمەسمۇ؟

ھالقىلىق مەسىلە شۇكى — ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ ھەقىقىي تەلىمچۇ؟ ھەرقانداق تەلىمنى مۇقەددەس كىتابقا تايىنىپ تەكشۈرۈشىمىز كېرەك.
سۇلايمان «پەند-نەسىھەتلەر»دە مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتنى سېتىۋال، ئۇنى ھەرگىز سېتىۋەتمە» ۋە يەنە «ئۇ (دانالىق) لەئەل-ياقۇتلاردىن قىممەتلىكتۇر، ئىنتىزار بولغان ھەرقانداق نەرسەڭدىن ھېچبىرىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كەلمەستۇر». قەدىرلىك دوستۇم، مۇشۇنداق بىباھا ھەقىقەتنى سېتىۋېلىشقا رازىمۇسىز؟ ھەقىقەتنى ئىزدەشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ئۇنى ئىزچىل ئىزدەشكە رازىمۇسىز؟
رەب ئەيسا مەسىھ مۇنداق ئالتۇندەك سۆزنى ئېيتقان: —
«بۇ تەلىملەر مېنىڭ ئەمەس، بەلكى مېنى ئەۋەتكۈچىنىڭكىدۇر. ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىشقا ئۆز ئىرادىسىنى باغلىغان ھەركىم بۇ تەلىم توغرۇلۇق — ئۇنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ياكى ئۆزلۈكۈمدىن ئېيتىۋاتقانلىقىمنى بىلىدۇ» («يوھاننا» 7:16-17)؛ يەنە

«پەند-نەسىھەتلەر» 2:1-5نىمۇ كۆرۈڭ)
خۇدانىڭ ئەمر-يوليورۇقىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭ مەدىتى بىلەن «ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىمەن» دەيدىغان نىيەت-قارار بولسىلا، ئۇنداقتا ئۇ مەلۇم بىر تەلىمنىڭ خۇدادىن كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىنى جەزم قىلالايدۇ.

تۆۋەندىكى بارلىق مەسىلىلەر مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىن تەھلىل قىلىندى؛ دېمەك، ئىنجىلدىكى ئايەتلەرنى ئەينى يۇنان (گرېك) تىلى نۇسخىسىدىن، تەۋراتتىكى ئايەتلەرنى ئەينى ئىبرانىي تىلى نۇسخىسىدىن تەھلىل قىلدۇق. بىلىشىمىزچە بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىلىدا مۇقەددەس كىتابنىڭ ئۈچ خىل تەرجىمە نۇسخىسى بار؛ «كالام تەرجىمىسى»، «قەشقەر تەرجىمىسى» ۋە «هازىرقى زامان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى». تۆۋەندە نەقىل كەلتۈرگەن ئايەتلەر ئۇيغۇرتىلىدىكى «كالام تەرجىمىسى»دىن ئېلىندى؛ ئىشىنىمىزكى، ئوقۇرمەن مەيلى «كالام تەرجىمىسى»، «قەشقەر تەرجىمىسى» ياكى «هازىرقى زامان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»نى ئوقۇسۇن، ئوخشاشلا بىر خۇلاسىگە كېلىدۇ.
يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنى تۆۋەندىكى تور بەتلىرىدىن چۈشۈرۈۋالغىلى بولىدۇ: —
www.mukaddeskalam.com («كالام تەرجىمىسى)
www.dunyaningnuri.com («قەشقەر تەرجىمىسى)

www.hayatnuri.com («هازىرقى زامان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»)
www.injil.net
(مۇشۇ ئۈچ خىل تەرجىمە نۇسخىسىنى ئوقۇغان ئوقۇرمەنلەر «كۆزنىنش مۇنارى»نىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى «يېڭى دۇنيا تەرجىمىسى»نى ئوقۇسا، ناھايىتى كۆپ پەرقلەرنى بايقىيالايدۇ؛ ئىشىنىمىزكى، ئۇلارنىڭ تەرجىمىسىدە نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت).

## بىرىنچى سوئال: «ئەيسا مەسىھ خۇدا ئەمەس، پەرىشتىمۇ؟»

ئىنجىل، «ئىبرانىيلارغا» يېزىلغان مەكتۇپتىن ئوقۇيلى (14-5:1): —

«چۈنكى خۇدا پەرىشتىلەرنىڭ قايسىسىغا: «سەن مېنىڭ ئوغلۇمدۇرسەن، بۈگۈن مەن سېنى تۇغدۇردۇم»، ۋە يەنە: «مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن، ئۇمۇ ماڭا ئوغۇل بولىدۇ» دېگەنىدى؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجىسىنى يەر يۈزىگە ئەۋەتكەندە، «بارلىق پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلسۇن» دېگەن.

ئۇ پەرىشتىلەر توغرۇلۇق: –

«ئۇ پەرىشتىلىرىنى شاماللار،

خىزمەتكارلىرىنى ئوت يالقۇنى قىلىدۇ»، دېگەندى؛
لېكىن ئوغلى ھەققىدە بولسا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:
«سېنىڭ تەختىڭ، ئى خۇدا، ئەبەدىلئەبەدلىكتۇر؛
سېنىڭ پادىشاھلىقىڭدىكى شاھانە ھاساڭ ئادالەتنىڭ ھاسىسىدۇر.
سەن ھەققانىيەتنى سۆيۈپ، رەزىللىككە نەپرەتلىنىپ كەلگەنسەن؛
شۇڭا خۇدا، يەنى سېنىڭ خۇدايىڭ سېنى ھەمراھلىرىڭدىن ئۈستۈن قىلىپ شادلىق مېيى بىلەن مەسىھ قىلدى».
خۇدا ئوغلىغا يەنە مۇنداق دېگەن:
– «سەن، ئى رەب، ھەممىدىن بۇرۇن زېمىننىڭ ئۇلىنى سالدىڭ،
ئاسمانلارنى بولسا قوللىرىڭ ياسىغاندۇر؛
ئۇلار يوق بولۇپ كېتىدۇ،
لېكىن سەن مەڭگۈ تۇرىسەن؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىيىمدەك كونىراپ كېتىدۇ؛
سەن ئۇلارنى تون كەبى يۆگەپ قويىسەن،
شۇندا ئۇلار كىيىم-كېچەك يەڭگۈشلەنگەندەك يەڭگۈشلىنىدۇ.
بىراق سەن مەڭگۈ ئۆزگەرمىگۈچىدۇرسەن،
يىللىرىڭنىڭ تامامى يوقتۇر».
يەنە، ئۇ قايسىبىر پەرىشتىگە: –
«مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى تەختىپەرىڭ قىلمىغۇچە،

مىنىڭ ئۇڭ يېنىمدا ئولتۇرىسەن» – دېگەنىدى؟
شۇنداق ئىكەن، پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت
نىجاتقا مىراسلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا
ئەۋەتىلگەن خىزمەتچى روھلار ئەمەسمۇ؟»

پەرىشتىلەر ھەققەتەن مەۋجۇت، بۇ پاكىتتۇر. بۇنىڭدا گەپ يوق. ئەمما «كۆزىتىش مۇنارى» رەب مەسىھ ئەيسا توغرۇلۇق «ئۇ پەرىشتە» دەيدۇ. ئۇلار يەنە: «مەسىھ ئەيسا ئەمەلىيەتتە ‹باش پەرىشتە مىكائىل›نىڭ ئۆزى شۇ» دەيدۇ. «ئەيسا مەسىھ پەرىشتىدۇر» دېگەن تەلىم ئەڭ ئاۋۋال مىلادىيە 3-ئەسىردە، ھەققەتتىن ئازغان، مىسىرنىڭ ئالېكساندرىيە شەھىرىدىكى ئارىئۇس ئىسىملىك بىر ئادەم تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنغان. «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى»نىڭ كۆزقارىشىچە «ئەيسا مەسىھ پەرىشتە ئىكەن؛ ئۇ ‹تولۇق خۇدا› ئەمەس، بەلكى پەقەت بىر ‹ئىككىلەمچى خۇدا›» ئىكەن. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر مەسىلە.

ئىنجىل، «يوھاننا» 1:1دە «مۇقەددەمدە «كالام» بار ئىدى؛ كالام خۇدا بىلەن بىللە ئىدى ھەم كالام خۇدا ئىدى» دەپ ئوقۇيمىز. «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى»دىن بەزىلىرى مۇشۇ ئايەتنى «مۇقەددەمدە «كالام» بار ئىدى؛ كالام خۇدا بىلەن بىللە ئىدى ھەم كالاممۇ ‹بىر خۇدا› ئىدى» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. دېمەك، ئۇلار ««كالام›نى ‹بىر كىچىك

خۇدا›، خالاس» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن «كۆزنىتىش مۇنارى» تەشكىلاتى «خۇدا بىر» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ؛ ئۇنداقتا، ئۇلار ئۆز تەرجىمىسىدىكى «ئەيسانى ‹بىر ئىككىلەمچى خۇدا›» دېگەن غەلىتە سۆزنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟

«يەشايا» كىتابىدا پەرۋەردىگار (ياھۋەھ): «مەن بولسام پەرۋەردىگار، مەندىن باشقا بىرى يوق؛ مەندىن باشقا خۇدا يوقتۇر» دەيدۇ (45:5دە). «قانۇن شەرھى» 39:32دىمۇ ئۇ «ماڭا ھەمراھ ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دەيدۇ. مۇشۇ ئايەتلەردىن قارىغاندا، «كۆزنىتىش مۇنارى»نىڭ تەلىمىدە مەسىلە ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ھەممىمىز «خۇدا بىر» دەيمىز. خۇدا «ماڭا ھەمراھ ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دەيدۇ. ياھۋەھتىن باشقا ھېچقانداق خۇدانىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى، «ئۇنىڭغا ھەمراھ ھېچقانداق ئىلاھ» يوقلۇقى ئېنىق تۇرسا، ئەيسا مەسىھ قانداقسىگە «ئىككىلەمچى خۇدا» بولۇپ قالىدۇ؟ مۇشۇ ئايەتلەرنىڭ بىردىنبىر مۇمكىن بولغان توغرا چۈشەندۈرۈلۈشى، خۇدا ئۆزى «ئۈچ بىر گەۋدە»دۇر.

بىز خۇدانى «ئۈچ بىر گەۋدە» دېسەك، «يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى» مۇقەددەس كىتابتا «ئۈچ بىر گەۋدە»... دېگەندەك ئىبارىلەر كۆرۈلمەيدۇ، دېيىشى مۇمكىن. دەرۋەقە شۇنداق. ئەمما مۇقەددەس كىتابتا مەلۇم بىر ئىبارىنىڭ

تېپىلماسلىقى «مۇقەددەس كىتابتا شۇ ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس» دېگەندىن بېشارەت بەرمەيدۇ.

مەسىلەن، «كۆزىتىش مۇنارى»نىڭ نۇرغۇن كىتاب-ژۇرناللىرىدا كۆرۈلۈۋاتقان «مىڭ يىللىق پادىشاھلىق»، «خۇدالىق ھۆكۈمەت»، «ياراتقۇچىنىڭ تىنچ ۋە مۇقىم يېڭى دۇنيا تۈزۈمى» دېگەندەك نۇرغۇن ئىبارىلەرمۇ مۇقەددەس كىتابتا تېپىلمايدىغۇ؟ پاكىت شۇكى، «مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق پادىشاھلىقى»، «خۇدالىق ھۆكۈمەت» دېگەن ئۇقۇملار مۇقەددەس كىتابتا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن بۇ سۆز-ئىبارىلەر مۇقەددەس كىتابتا كۆرۈلمەيدۇ.

شۇنداق ئىكەن؛ مۇقەددەس كىتابتىمۇ «ئۈچتە بىر»، «ئۈچ بىر گەۋدە» دېگەن ئىبارىلەر كۆرۈلمەيدۇ، لېكىن بۇ ھەقىقەت ئىنتايىن ئېنىق ئايان قىلىنىدۇ.

ئەمدى يۇقىرىقى مەسىلە ئۈستىدە قايتىدىن توختىلايلى. «كۆزىتىش مۇنارى»دىكىلەر بىزگە «ئەيسا مەسىھ پەرىشتە» دەپ ئېيتىدۇ. كېسىپ ئېيتىمىزكى، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بىز «ئىبرانىيلارغا» 1:8دە خۇدانىڭ ئوغلىغا ئېيتىلغان مۇنۇ سەزلەرنى ئوقۇيمىز:

«...لېكىن ئوغلى ھەققىدە بولسا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: —

«سېنىڭ تەختىڭ، ئى خۇدا، ئەبەدىلئەبەدلىكتۇر»».

ئاندىن «ئىبرانىيلارغا»دا «زەبۇر» 45:6-7دىن تۆۋەندىكى سۆزلەر نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ: —

«سىنىڭ تەختىڭ، ئى خۇدا، ئەبەدىلئەبەدلىكتۇر؛
پادىشاھلىقىڭدىكى شاھانە ھاساڭ، ئادالەتنىڭ ھاسىسىدۇر.
سەن ھەققانىيلىقنى سۆيۈپ، رەزىللىككە نەپرەتلىنىپ كەلگەنسەن؛
شۇڭا خۇدا، يەنى سىنىڭ خۇدايىڭ، سىنى ھەمراھلىرىڭدىن ئۈستۈن قىلىپ شادلىق مېيى بىلەن مەسىھ قىلدى»

تەۋرات-زەبۇر بولسا ئىبرانىي تىلىدا يېزىلغان. مۇشۇ يەردە «خۇدا» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدىكى «ئەلوھىم» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسىدۇر. مۇشۇ ئايەتلەردە «سىنىڭ خۇدايىڭ»، يەنى مەسىھنىڭ خۇداسى ئۇنى (مەسىھنى) «مەسىھ قىلدى». دېمەك، «مەسىھ قىلىنغان» زات مەسىھ ئەيسا، ئەلۋەتتە. بۇ ئايەتلەردە مەسىھكە قارىتا «سىنىڭ تەختىڭ، ئى خۇدا، ئەبەدىلئەبەدلىكتۇر» دېيىلىدۇ. شۇڭا ئۇ خۇدادۇر («ئەلوھىم»دۇر).

«خۇدا پەرىشتىلەرنىڭ قايسىسىغا: «سەن مېنىڭ ئوغلۇمدۇرسەن، بۈگۈن مەن سېنى تۇغدۇردۇم»، ۋە يەنە: «مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن، ئۇمۇ ماڭا ئوغۇل بولىدۇ» دېگەنىدى؟» (ئىبرانىيلارغا» 1:5-6). قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز مۇقەددەس كىتابتىكى بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلەمسىز؟

بۇنى ئوقۇپ سىز قانداقمۇ «ئەيسا مەسىھ پەقەت بىر پەرىشتە، خالاس» دېيەلەيسىز؟

«ئىبرانىيلارغا» 6:1دە يەنە: «ئۇ (خۇدا) ئۆزىنىڭ تۇنجىسىنى يەر يۈزىگە ئەۋەتكەندە، «بارلىق پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلسۇن» دېگەن» دېيىلىدۇ. ئەيسا مەسىھ تۇغۇلغاندا، بوۋاق بولسىمۇ، بارلىق پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى («لۇقا» 13:2نىمۇ كۆرۈڭ). ئۇ خۇدا بولمىسا، پەرىشتىلەر قانداقمۇ ئۇنىڭغا سەجدە قىلسۇن؟ گرېك تىلىدا «سەجدە قىلسۇن» دېگەن سۆز «پروسكۇنېسوتان» دېيىلىدۇ. مۇشۇ يەردە «پروسكۇنېسوتان» ئىبرانىي تىلىدىكى «خىشتاقۋايا» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسىدۇر. مەنىسى «بويسۇنسۇن» ئەمەس، بەلكى «ئىبادەت قىلسۇن» «سەجدە قىلسۇن» دېگەنلىكتۇر.

خۇدا ئىسرائىل خەلقىگە «سېنىڭ مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھىڭ بولمايدۇ» دېگەن يەردە («مىسىردىن چىقىش» 2:20، «قانۇن شەرھى» 7-6:5)، قانداقمۇ ئۆزىدىن باشقا بىرگە سەجدە قىلىشقا يول قويسۇن؟ ئەيسا مەسىھ ئۆزى خۇدا بولمىسا، خۇدانىڭ بۇ سۆزلىرى زىددىيەتلىك بولۇپ قالامدۇ؟

مۇمكىنكى، مۇشۇ نۇقتىغا كەلگەندە بەزىلەر باشقا بىر سوئالنى قويىدۇ: «ئەگەر دېگىنىڭىزدەك ئەيسا مەسىھ ھەقىقەتەن خۇدا بولسا، ئۇ قانداقمۇ «ئاتا مەندىن ئۇلۇغدۇر» دەيدۇ؟ («يوھاننا» 28:14)

خوش، «فىلىپپىلىقلارغا» 2:8-11دە بىز مەسىھ ئەيسانىڭ «ئۆزىدىن ھەممىنى قۇرۇقدىشى» توغرۇلۇق ئوقۇيمىز: —

«ئۇ (مەسىھ) خۇدانىڭ تىپ-شەكلىدە بولسىمۇ،
ئۆزىنى خۇدا بىلەن تەڭ قىلىشنى ئولجا قىلىپ تۇتۇۋالمىدى؛
ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىدىن ھەممىنى قۇرۇقدىدى،
ئۆزىگە قۇلنىڭ شەكلىنى ئېلىپ،
ئىنسانلارنىڭ سىياقىغا كىرىپ، ئىنسانىي تەبىئەتتىن ئورتاقداش بولۇپ،
ئۆزىنى تۆۋەن قىلىپ،
ھەتتا ئۆلۈمگىچە، يەنى كرېستتىكى ئۆلۈمگىچە ئىتائەتمەن بولدى؛
شۇڭا خۇدا ئۇنى ئىنتايىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەرتىۋىلىك قىلدى،
ئۇنىڭغا ھەرقانداق نامدىن ئۈستۈن بولغان نامنى بېغىشلىدىكى،
ئەيسانىڭ نامىغا ئاسمانلاردا، يەر يۈزىدە ھەم يەر ئاستىدا بارلىق تىزلار پۈكۈلۈپ،
خۇدائاتىغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈپ ھەربىر تىل ئەيسا مەسىھنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن، ئەي سۆيۈملۈكلىرىم، سىلەر ھەمىشە ئىتائەت قىلغىنىڭلاردەك، پەقەت مەن يېنىڭلاردا

**بولغىنىمدىلا ئەمەس، بەلكى هازىرقىدەك مەن سىلەردىن نېرى بولغاندا تېخىمۇ شۇنداق ئىتائەت بىلەن ئەيمىنىشتە، تىترىگەن هالدا ئۆز نىجاتىڭلارنى ھەرتەرەپكە تەتبىقلاشقا ئىنتىلىڭلار».**

قىسقىسى، بۇ تېكىستتە بىزگە «خۇدانىڭ كالامى»، ئۆزى خۇدا بولغان مەسىھنىڭ ئىنسان بولغانلىقىنى ئايان قىلىدۇ؛ ئۇ ئىنسان بولغاچقا، «ئاتىدىن تۆۋەن» تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىنىڭ بىزگە ياردىمى بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ شەھىرىمىزدە بىر ياغاچچىلىق دۇكىنى بار. دۇكاننىڭ خوجايىنىنىڭ لەقىمى «قاسقان»، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭمۇ لەقىمى «قاسقان»؛ ئۇلار «چوڭ قاسقان» ۋە «كىچىك قاسقان»لاردۇر. ھەر ئىككىسى ئىنساندۇر. ھەر ئىككىسى ئەركەكتۇر. تەبىئەت جەھەتتىدىن (ئىنسان بولۇش جەھەتتىدىن) ئېيتقاندا ھەر ئىككىسى ئوخشاش، ئىككىلىسى ياغاچچى، باراۋەر، لېكىن چوڭى كىچىكىدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ. ئورۇن جەھەتتىدىن ئېيتقاندا بىرى يەنە بىرىدىن ئۇلۇغ تۇرىدۇ.

مەسىھمۇ «خۇدالىق تەبىئەت جەھەتتىدىن» ئېيتقاندا خۇدائاتا بىلەن تەڭ، ئەمما ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن «ئاتا ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ». دېمەك، ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى خۇدا بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ «ئاتا مەندىن ئۇلۇغ» دېگەن سۆزىنى چۈشەنمەك ئانچە قىيىن ئەمەس. گەرچە بۇ ئۇقۇمنى تولۇق

چۈشىنىشتە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ پاكىت، ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولالمايدۇ.
بىز سوئالىمىزنى قايتا تەكرارلايمىز: «**بارلىق پەرىشتىلەر مەسىھكە سەجدە قىلىدىغان**» تۇرسا، مەسىھ قانداقمۇ پەرىشتە بولسۇن؟» خۇدا بىر تۇرسا ۋە «ئىبرانىيلارغا» 6:1تىمۇ مەسىھ «خۇدا» دەپ ئاتالغان تۇرسا («سېنىڭ تەختىڭ، ئى خۇدا، ئەبەدىلئەبەدلىكتۇر»)، ئۇ قانداقمۇ «ئىككىلەمچى خۇدا» بولسۇن؟
ئېنىقكى، بۇ يەردە يەنە بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: «ئەيسا ئۆزى خۇدا ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ دۇئا قىلغاندا كىمگە دۇئا قىلىدۇ؟». بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال خۇدانىڭ نامى «ئەلوھىم» توغرۇلۇق ئازراق توختىلىمىز: —

## «خۇدا» دېگەن نامنىڭ ئىبرانىي تىلىدا («ئەلوھىم») دەپ ئېلىنىشى

ئىبرانىي تىلىنىڭ مۇنداق قىزىق ئىككى ئالاھىدىلىكى بار. بىرىنچى، بەزى سۆزلەر پەقەت كۆپلۈك شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىبرانىي تىلىدا «سۇلار» («مايىم») دېگەن كۆپلۈك شەكىللا بار؛ «سۇ» دېگەن بىرلىك شەكىل يوق. «ئاسمانلار» («شامايىم») دېگەن كۆپلۈك شەكىللا بار؛ «ئاسمان» دېگەن بىرلىك شەكىل يوق. ئىبرانىي تىلىدا ئادەتتە «خۇدا» دېيەلمەيدۇ، «خۇدالار» («ئەلوھىم») ياكى

«ئېلوھىم») دېيىلىدۇ، لېكىن مەنىسى يەنىلا «خۇدا»دۇر. «خۇدا» «بىرلىك شەكىل»دە ئىپادىلەنسە، «ئەل» دېيىلىدۇ، مەسىلەن «ئەل-شادداي» (ھەممىگە قادىر خۇدا). بۇ شەكىل ئاز ئۇچرايدۇ. تەۋراتتا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا «خۇدا» «ئەلوھىم» دېيىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىبرانىي تىلىدا «كۆپلۈك»نى بىلدۈرىدىغان ئىككى خىل «قوشۇمچە» بار. بىرىنچى قوشۇمچە «-وت» بولۇپ، «ئىككى»نى بىلدۈرىدۇ؛ ئىككىنچى قوشۇمچە «-ىم» ياكى «-ھىم» بولۇپ، «ئۈچ» ياكى «ئۈچتىن كۆپ»نى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «كىتاب» دېگەن سۆزنى تۆرلەپ كۆرسەتسەك ئۇنىڭ شەكىللىرى مۇنداق بولىدۇ: —

«كىتاب» — بىرلا كىتاب

«كىتابوت» — ئىككى كىتاب

«كىتابىم» — ئۈچ ياكى ئۈچتىن كۆپ كىتاب.

## «مۇقەددەمدە خۇدا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتتى» («يارىتىلىش» 1:1)

بۇ ئايەتتىكى «خۇدا» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدىكى «ئەلوھىم» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس كىتابنىڭ « مۇقەددەمدە خۇدا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتتى» دېگەن بۇ بىرىنچى جۈملىسىدە «خۇدا» دېگەن سۆز «ئۈچ ياكى ئۈچتىن كۆپ» دېگەن شەكىلدە، يەنى «ئەلوھىم» دېگەن شەكىلدە

ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن پېئىل («ياراتتى») بولسا «بىرلىك شەكلى»دە ئىپادىلىنىدۇ. «ياراتتى» دېگەن پېئىل «ئىككىلىك شەكلىدە» ياكى «كۆپلۈك شەكلىدە» ئۇچرىمايدۇ.

ئىبرانىي تىلىدا ئەگەر بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى خۇدا «بىرىنچى شەخس» بىلەن ئىپادىلەنسە، ئۇنداقتا «ياراتتى» دېگەن پېئىل «ياراتتىم» دېيىلىشى كېرەك ئىدى.

دېمەك، مۇقەددەس كىتابنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدە خۇدا كۆپلۈك شەخستە بولسىمۇ، بىرلا شەخستەك ئىش كۆرىدۇ، دېگەن ئۇقۇم پۈركىنىلىدۇ. تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن خۇدانىڭ ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە «ئەلوھىم» دېگەن نام ئىشلىتىلگەن بولسا، شۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك خۇدانىڭ ھەرىكىتى «بىرلىك شەكلى»دىكى پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

بىر قېتىم بىرسى مەسىھ ئەيسادىن، «تەۋراتتا، پۈتۈن ئەمرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى قايسى؟» دەپ سورىدى. رەببىمىز جاۋابەن: «ئەڭ مۇھىم ئەمر شۇكى، «ئاڭلىغىن، ئەي ئىسرائىل! پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بولغان رەب بىردۇر. پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن زېھنىڭ ۋە پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن سۆيگىن»» دېدى («ماركۇس» 26:12)

رەببىمىز مۇشۇ يەردە تەۋراتتىكى سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈپ جاۋاب بېرىدۇ («قانۇن شەرھى» 4:6نى كۆرۈڭ).

بۇ سۆزلەر ئىبرانىيلار ئۈچۈن تەۋراتتىكى ئەڭ مۇھىم سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. سۆزنىڭ بېشىدا (ئەينى تېكىستتە) «ئاڭلاڭلار، ئەي ئىسرائىل: – پەرۋەردىگار خۇدايىمىز، پەرۋەردىگار بىر بىرلىكتۇر» دېيىلىدۇ. ئىبرانىيچە «شما، يىسرائەل! ياھۋەھ ئەلوھەينۇ ياھۋەھ ئېخاد» دېيىلىدۇ. بۇ جۈملە سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىنسا «ئاڭلاڭلار، ئەي ئىسرائىل: — پەرۋەردىگار خۇدالىرىمىز، پەرۋەردىگار بىر بىرلىكتۇر». خۇدا كۆپلۈكمۇ؟ ياق! لېكىن ئۇ «بىر بىرلىكتۇر». بۇ سۆزنى چۈشىنىش ئۈچۈن «يارىتىلىش» 2:24نى كۆرەيلى: «شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر كىشى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئايالىغا باغلىنىپ بىر بولۇپ، ئىككىسى بىر تەن بولىدۇ». «بىر تەن» مۇشۇ يەردە «ئېخاد» («بىرلىك») دېگەن سۆز بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ. ئەر-ئايال بىر بىرلىك بولىدۇ. ئىككىسى بىر بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار جۈپلەشكەندە يەنە بىر شەخس ئاپىرىدە بولسا، ئۇلار شۇ چاغدا «ئۈچتە بىر» بولىدۇ. مانا بۇ چوڭ بىر سىردۇر. ئىنسان «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى»دا يارىتىلغاندۇر. خۇدا بىر، ئەمما ئۇ بىردىن كۆپ شەخستۇر.

بۇ ئۇقۇمنى چۈشىنىش تەسمۇ؟ ئىستىپان چالما-كېسەك قىلىنىپ، ئۆلۈمى ئالدىدا ئاسمانلارنىڭ ئېچىلغىنىنى، ئەيسا مەسىھنىڭ ئاتىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغىنىنى كۆرگەن. بۇ ئىشلارنى چۈشىنىش تەس، لېكىن مۇقەددەس كىتابتا شۇنداق دېيىلگەنىكەن، ئىشىنىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئەيسانىڭ ئاتىسى خۇدادۇر، ئۇ ئۆزى خۇدادۇر. ئۇلار ئىككى شەخس، ئەمما بىر خۇدادۇر. ئەيسا مەسىھ ئىنسانىنىڭ سالاھىيىتىنى ئالغاچقا، ئۇنى ھازىر 100٪ ئىنسان، شۇنداقلا 100٪ خۇدا دېيىشىمىز كېرەك («ئىبرانىيلارغا» 8:13). ئوغۇل پۈتۈنلەي ئىنسان سالاھىيىتىدە بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۆز ئاتىسىغا تايىنىپ مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدە ياشايدۇ. شۇ تەرەپتىن ئۇ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ھەم ئاجايىب مۇكەممەل ئۈلگىمىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاتىسىغا دۇئا قىلاتتى ھەم ھازىرمۇ دۇئا قىلىدۇ! («رىملىقلارغا» 34:8، «ئىبرانىيلارغا» 25:7).

بۇ پاكىتلارنى تولۇق چۈشىنەلەيمىزمۇ؟ جاۋابى، چۈشىنەلمەيمىز، لېكىن بىز بۇ پاكىتلارنى ئىشەنچ-ئېتىقاد بىلەن قوبۇل قىلىشىمىز لازىم؛ چۈنكى مۇقەددەس كىتابتا شۇنداق دېيىلگەندۇر. مەن ئاددىي چەكلىك بىر ئىنسان، چەكلىك چۈشىنىشىم ۋە مېڭەمگە تايىنىپ، چەكسىز ئۇلۇغ خۇدانى چۈشىنەلەمدىم؟ مەن كىم؟ پەقەت خۇدانىڭ ئۆزىلا خۇدانى چۈشىنىدۇ. ئىنجىلدا «بىز ھازىر بىر تۈتۈق دەرىزىدىن مۈجمەل ھالدا كۆرىمىز، لېكىن شۇ چاغدا يۈزمۇيۈز كۆرىمىز؛ ھازىر مەن قىسمەن تونۇيمەن، شۇ چاغدا مەن مېنى تونۇپ كېلىۋاتقاندەك تونۇيمەن» («كورىنتلىقلارغا (1)» 12:13) دېيىلىدۇ؛ ئەمما «مۇكەممەللىك» تېخى كەلمىدى؛ چۈشەنسەممۇ، چۈشەنمىسەممۇ، مەن خۇدانىڭ

مۇقەددەس كىتابتا بەرگەن بارلىق ۋەھىيلىرىگە ئىشىنىپ ئۇلارنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىشىم كېرەكتۇر. بولمىسا، مەن ئېتىقادچى ھېسابلانمايمەن.

مەن بىر ھامىلىدار ئايالغا قارىغىنىمدا، كۆرگىنىم بىر ئادەممۇ ياكى ئىككى ئادەممۇ؟ ئانا ۋە ھامىلە جىسمانىي، فىزىئولوگىيە جەھەتتىن پۈتۈنلەي بىرلەشتۈرۈلگەن. مەن بىر ئادەمنى كۆرۈۋاتىمەن، يەنە ئىككى ئادەمنىمۇ كۆرۈۋاتىمەن. ئەر-ئايالنى ئالساق، ئۇلار بىرلا تەن، ياكى ئىككى تەن بولامدۇ؟ خۇدا ئۇلارنى «بىر تەن» دەيدۇ؛ مەن مۇقەددەس كىتابنىڭ كۆزقارىشى بىلەن، ئىككى ئادەمنى بىر تەندە كۆرۈۋاتىمەن. ئىنجىلدا، ئەر كىشىنىڭ تېنى ئايالنىڭكى، ئايال كىشىنىڭ تېنى ئەرنىڭكىدۇر، دېيىلىدۇ («كورىنتلىقلارغا (1)» 7:4). بىز «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى»دا بولغانمىز. بۇ ئىشلار بىزگە ئۇ توغرۇلۇق ھەقىقەتنى ئۆگىتىدۇ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، مەسىھ بىلەن يۈز تۇرا كۆرۈشكىنىمىزدە تولۇق چۈشىنەلەيمىز، لېكىن ھازىر «تۇتۇق دەرىزىدىن مۆجمەل ھالدا كۆرىمىز» («كورىنتلىقلارغا (1)» 12:13).

بۇ ئىش توغرۇلۇق ئەڭ ئاخىرقى بىر گەپ. «پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغلۇقى – ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى ئاشكارىلىمىغىنىدا؛ پادىشاھلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى – بىر ئىشنىڭ سىرىنى يېشەلىگىنىدە» («پەند-نەسىھەتلەر»

2:25) خۇدا نۇرغۇن ئىشلارنىڭ سىرلىرىنى، ئېتىقادسىز ئادەملەردىن يوشۇرغان ۋە يوشۇرىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئاشۇ ئىشلارنىڭ ئاجايىبلىقىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەمما «ئىشنىڭ سىرىنى يېشىدىغان پادىشاھلار» بولسا، خۇدانىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىزدىگۈچى مۆمىن بەندىلەردۇر. بۇ دۇنيادىكى كىشىلەر خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىنى «ئەقىللىق» دېيىشى ناتايىن، لېكىن ئۇلارنى «نادان، قاتمال» دېيىشى مۇمكىن. لېكىن خۇدانىڭ سىرلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ياكى چۈشىنىش ئۈچۈن «ئەقىللىق بولۇش» شەرت ئەمەس؛ شەرتنى دېيىشكە توغرا كەلسە، پەقەت كىچىك پېئىللىق، سەمىمىيلىك ۋە خۇداغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭلا بۇ ئىشلاردا ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزدىنىشىگە، كىچىك پېئىللىق بىلەن ئويلىنىشىغا ۋە تەپەككۇر قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار خۇدانىڭ سىرلىرىنى كۆرەلەيدۇ ۋە كۆرگەندىن كېيىن خۇداغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىبادەت قىلىدۇ. ئىشەنچ ۋە ئېتىقادلا مۇشۇنداق سىرلارنى قوبۇل قىلالايدۇ، لېكىن مۇشۇ دۇنيادىكى «لوگىكا»غا چىڭ ئېسىلىۋالىدىغان ئېتىقادسىزلار ھەرگىزمۇ ئۇلارنى چۈشىنەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇ دۇنيادىمۇ كۆرەلمەيدۇ.

ئىككىنچى سوئالغا كېلەيلى: —

## (ئە) «خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ ئۆزى خۇدامۇ، ياكى پەقەت بىرخىل «روھىي كۈچ»مۇ؟»

ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى «كۆزىتىش مۇنارى» تەشكىلاتى «مۇقەددەس روھ پەقەت بىرخىل روھىي كۈچ، بىرخىل كۈچلۈك تەسىر، خۇدانىڭ ئادەملەرنى يېتەكلىگۈچى كۈچى، خالاس» دەپ تەلىم بېرىپ كېلىۋاتىدۇ.

مۇقەددەس كىتابتا مۇقەددەس روھ توغرۇلۇق ئېيتىلغان ئايەتلەردە مۇقەددەس روھنى شەيئى قاتارىدا ئەمەس، بەلكى شەخس قاتارىدا شەرھلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئاڭلايدۇ، ئۇ كۆرىدۇ، ئۇ سېزىدۇ.

«يەھۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى»دىن بەزىلىرى خۇدانىڭ روھىنىڭ «شەخس ئىكەنلىكى»نى ئىنكار قىلماقچى بولۇپ، مۇقەددەس روھنى ھەر تۈرلۈك ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلارنىڭ رولىغا ئوخشىتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قارىشىنى چۈشەندۈرۈش يولىدا مىكروفونمۇ «ئاڭلايدۇ»غۇ، فوتو ئاپپاراتلارمۇ «كۆرەلەيدۇ»غۇ، ئىلمىي ئەسۋابلار «سېزەلەيدۇ»غۇ، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار «روھ» دېگەن سۆزنى ھېچ چۈشەنمەيدۇ.

پاۋلۇس ئەفەسۇس (ئەفەس) جامائىتىگە: «خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا ئازاب بەرمەڭلار» دەپ جېكىلەيدۇ (ئەفەسۇسلۇقلارغا» 30:4، «يەشايا» 10:63نىمۇ كۆرۈڭ).

ئىنىقكى، روسۇل پاۋلۇسنىڭ دېيىشىچە «مۇقەددەس

روھ» بىر شەخستۇر، ھەرگىزمۇ ھېسسىياتسىز، ھوشسىز «ئېلېكترونلۇق ئاپپارات»تەك بىرخىل «شەيئى» ئەمەس. «فوتو ئاپپاراتىم ئازابلاندى» دېگەندەك گەپ بەكمۇ كۈلكۈلۈك ئەمەسمۇ؟

بىر كۈچ ئۆزى توغرۇلۇق «مەن، ماڭا» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتەلەمدۇ؟ ئانتاكيا شەھىرىدىكى جامائەتتە مۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەن:

«ئۇلار رەببنىڭ ئىبادىتىدە بولۇپ روزا تۇتۇۋاتقان بىر مەزگىلدە، مۇقەددەس روھ ئۇلارغا:

– بارناباس بىلەن سائۇلنى مەن ئۇلارنى قىلىشقا چاقىرغان خىزمەت ئۈچۈن ماڭا ئايرىپ قويۇڭلار، – دېدى» (روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 13:1-2)

بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

«روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دىكى 3:5 ۋە 4:5نى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇڭ، ۋە 28:15، 11:21، «تىموتىيغا (1)» 3-1:4، «ئىبرانىيلارغا» 7:3، «ۋەھىي» 7:2، 11:2، 17:2، 29:2، 6:3، 13:3، 22:3، 17:22نىمۇ كۆرۈڭ.

بۇلارغا نېمە دەيسىز؟

«رىملىقلارغا» 25:8-26دە روسۇل پاۋلۇس بىزگە:

«روھنىڭ ئۆزى ئىپادىلىگۈسىز نالە-پەرياد بىلەن بىز ئۈچۈن خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ دۇئا-تىلاۋەت قىلماقا» دەيدۇ. بىرخىل «روھىي كۈچ» ئادەم ئۈچۈن «خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ دۇئا-تىلاۋەت قىلالامدۇ؟ «نالە-پەرياد بىلەن» دۇئا

قىلالامدۇ؟

رەببىمىز مۇقەددەس روھ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن:
«ئىنسانلارنىڭ ئۆتكۈزگەن ھەرتۈرلۈك گۇناھلىرى ۋە قىلغان كۇپۇرلۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ. بىراق ئىنسانلارنىڭ مۇقەددەس روھقا قىلغان كۇپۇرلۇقى ھېچ كەچۈرۈلمەيدۇ» («ماتتا» 31:12).

مۇشۇ يەردە «مۇقەددەس روھقا كۇپۇرلۇق قىلىش» گۇناھىنىڭ قانداق گۇناھ بولىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلمايمىز. بىز پەقەتلا «يەھۇۋانىڭ گۇۋاھچىلىرى»دىن شۇ سوئالنى سورىماقچىمىزكى، «ئەگەر دېگىنىڭلاردەك مۇقاددەس روھ پەقەت بىرخىل شەيئى، بىرخىل «روھي كۈچ» ياكى «تەسىر» بولسا، ئۇنداقتا قانداقمۇ ئۇنىڭغا «كۇپۇرلۇق قىلىش» دېگەندەك گۇناھلار مەۋجۇت بولسۇن؟

ئۈچىنچى سوئالغا كەلدۇق: —

## (ب) سىزنىڭ «ساختا پەيغەمبەر»گە ئەگەشكىنىڭىز توغرىمۇ؟

بۇ سوئال «پەيغەمبەرلەر» ۋە «بېشارەتلەر» توغرىسىدۇر. ئاۋۋال «قانۇن شەرھى» 20:18نى ئوقۇيلى: —
«ئەمما مېنىڭ نامىمدا باشباشتاقلىق قىلىپ مەن ئۇنىڭغا تاپىلىمىغان بىرەر سۆزنى سۆزلىسە ياكى باشقا

ئىلاھلارنىڭ نامىدا سۆز قىلىدىغان پەيغەمبەر بولسا، شۇ پەيغەمبەر ئۆلتۈرۈلسۇن.
ئەگەر سەن كۆڭلۈڭدە: «پەرۋەردىگار قىلمىغان سۆزنى قانداق پەرق ئېتىمىز» دېسەڭ، بىر پەيغەمبەر پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا سۆز قىلغان بولسا ۋە ئۇ بېشارەت قىلغان ئىش توغرا چىقمىسا ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىسا، ئۇنداقتا بۇ سۆزنى پەرۋەردىگاردىن چىقمىغان؛ شۇ پەيغەمبەر باشباشتاقلىق بىلەن سۆزلىگەن دەپ، ئۇنىڭدىن قورقما (ياكى، «ئۇنىڭغا پىسەنت قىلما»)».
يالغاندىن «ياھۋەھ-پەرۋەردىگار ئۈچۈن سۆز قىلىمەن» دەۋالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار؛ ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى چىقتقا يايىدىغان بىر ھەقىقەت بار؛ ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا ئالدىنئالا ئېيتىدىغان كەلگۈسى ئىشلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدۇ. مانا بۇلار ساختا پەيغەمبەرلەردۇر.
بىزنىڭ قولىمىزدا «ئويغىنىش» ۋە «كۆزىتىش مۇنارى» دېگەن بىرنەچچە كونا ژۇرناللار بار؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزىتىش مۇنارى تەشكىلاتىغا تەۋە «مۇقەددەس كىتاب ۋە كىتابچىلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ 1950-يىللاردىكى مەتبۇئاتلىرىدۇر. بىز بۇ ژۇرناللاردىن: «بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بارلىق خەلقلەر ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل تىنچلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ...؛ بۇنىڭدىن كېيىن «دۇنيا ئۇرۇشى» ھەرگىز بولمايدۇ» دېگەن سىياسىيونلار «ساختا پەيغەمبەرلەر»دۇر» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇيمىز. شۇ سىياسىيونلار ئەمەلىيەتتە

«پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا سۆز قىلغان» ئەمەس، لېكىن «كۆزنىتىش مۇنارى» ئۇلارنى «ساختا پەيغەمبەرلەر» دەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار ئالدىنئالا ئېيتقان ئىشلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغاندى. شۇ سىياسىيونلار «ساختا پەيغەمبەرلەر» دېيىلگەنىكەن، ئۇنداقتا ئەمەلىيەتتە «پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا سۆز قىلىمەن» دەۋالغان، كەلگۈسى «ساختا ئىشلارنى ئالدىنئالا ئېيتقان»لارنى تېخىمۇ «ساختا پەيغەمبەر» دېيىش كېرەك ئەمەسمۇ!

«كۆزنىتىش مۇنارى» تەشكىلاتى بولسا كەلگۈسى توغرۇلۇق ساختا، يالغان بېشارەتلەر بەرگەن ھەر تۈرلۈك دىنىي گۇرۇھلار، بولۇپمۇ مەسىھىي گۇرۇھلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. تەشكىلات ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە: «يەھۋانىڭ نامىدا ساختا بېشارەتلەرنى، كەلگۈسى ئىشلارنى يالغاندىن ئالدىنئالا ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسى ساختا پەيغەمبەرلەردۇر؛ ئۇلاردىن نېرى بولۇشىمىز كېرەك؛ ئۇلاردىن نېرى كەتمىسەك پەرۋەردىگارغا قارشى چىققانلاردىن بولىمىز» دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ.

توغرا! بۇ دانا دەۋەتتۇر. ساختا پەيغەمبەرلەردىن ھېلىمۇ يىراق تۇرىشىمىز كېرەك، بولمىسا بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش خۇداغا قارشى چىققان بولىمىز. شۇ تەرەپتە «كۆزنىتىش مۇنارى»نىڭ شۇ تەلىمى يۇقىرىدا «قانۇن شەرھى»دىكى ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئەمرگە ئوخشاشلا توغرا. شۇ ئاگاھلاندۇرۇش پۈتۈنلەي توغرا.

قولىمىزدا «مىڭ يىللىق پادىشاھىنىڭ سەھىرى» (ئىنگلىز چىلىدا «Millenial Dawn») دېگەن بىر ژۇرنال تۇرىدۇ. بۇ ژۇرنال ئەسلىدە 1889-يىلى نەشر قىلىنغان، كېيىن يەنە قايتا كۆپەيتىپ بېسىلغان. باش تەھرىرى «كۆزىتىش مۇنارى» تەشكىلاتىنىڭ ئاساسچىسى، يەنى چارلىس تەيز رۇسسېل ئىدى. بۇ ژۇرنالىنىڭ 101-بېتىدىكى «ئىككىنچى بۆلۈم»دە، «ۋاقىت يېتىپ كەلدى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى «يات ئەللەرنىڭ ۋاقتى» دېگەن مەزمۇندىكى ماقالىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: —

«««خۇدانىڭ پادىشاھلىقى» ئاللىقاچان باشلاندى» دېگەن بايانىمىز توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئىسپاتلارغا ئەجەبلەنمەڭلار... خۇدا ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى مىلادىيە 1878-يىلى ئىشلىتىشكە باشلىغان... ئاندىن «ۋەھيي» 14:16دە دېگەندەك «پۈتكۈل يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ دەھشەتلىك كۈنىدىكى جەڭگە جەم قىلىنىدۇ». بۇ ئىشلار مىلادىيە 1914-يىلىدا تۈگەيدۇ؛ بۇ جەڭدە پۈتكۈل دۇنيانىڭ بارلىق ھۆكۈمەتلىرى ئاغدۇرۇلىدۇ ... بۇ ئىشلار ئاللىقاچان باشلانغان» (ئىخچاملاندى).

بۇ ئىشلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانمۇ؟

100-بەتتە بىز مۇنداق سۆزلەرنى كۆرىمىز: —

«شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۈندە، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ بۇ كۈنىدە (دېمەك، 1878-يىلىدا)... رەببىمىز ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە ئىشلەتمىگەن زور كۈچ-قۇدرىتىنى قولىغا ئېلىپ سەلتەنەت

قىلىشقا باشلىدى. (دېمەك، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى باشلاندى). بۇ پوتكول دۇنياغا زور كۆلپەت كەلتۈردى، ئەمما دۇنيا تېخى بۇنى ۋاقتىنچە تونۇپ يېتەلمەيدۇ. لېكىن 1914-يىلىنىڭ ئاخىردا، پوتكول دۇنيا خۇدانىڭ شۇ پادىشاھلىقىنى تونىيالايدۇ؛ شۇ چاغدا ھازىرقى دۇنيادىكى ھۆكۈمەتلەر پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇلىدۇ، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى «خۇدانىڭ دەھشەتلىك كۈنىدىكى جەڭ» ئارقىلىق يەر يۈزىدە بەرپا قىلىنىدۇ. كۆلپەتلەر «ھارماگېددون جېڭى» بىلەن 1914-يىلىدا ئاخىرلىشىدۇ».

بۇ ئىشلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانمۇ؟

بۇ گەپلەرنى ئۇلارنىڭ ئاساسچىسى رۇسسېل ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان. 1878-يىلى بۇ ئىشلار يۈز بەرمىگەندىن كېيىن، ئۇ 1889-يىلىدىكى ژۇرنىلىدا «ئەمەلىيەتتە مەسىھ 1878-يىلى دىققەتتىنى دۇنياغا قاراتقاندى» دەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە بولسا «كۆزىتىش مۇنارى»دىكىلەر بۇ خاتالىقلارنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ يەنە: «ئەمەلىيەتتە مەسىھ 1914-يىلى دىققەتتىنى دۇنياغا قاراتقان» دەيدۇ.

زادى قايسىسى توغرا؟

رۇسسېل ئەپەندى ئەينى 1889-يىلى: ««كۆزىتىش مۇنارى» خۇدانىڭ بىردىنبىر ۋەكىللىك تەشكىلاتىدۇر» دېگەن؛ ئاندىن ئۇ «يەھۋانىڭ نامىدا» ئوچۇق-ئاشكارە ساختا بېشارەتلەرنى بەرگەن: (ئا) «ھارماگېددون جېڭى» 1914-يىلىنىڭ ئاخىرى ئاخىرلىشىدۇ؛ (ئە) شۇنىڭ

بىلەن دۇنيادىكى بارلىق ھۆكۈمەتلەر ئاغدۇرۇلۇپ، خۇداغا بويسۇنىدۇ؛ (ب) شۇ چاغدا خۇدانىڭ پادىشاھلىقى بەرپا قىلىنىدۇ.

1914-يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلىدى، تۆت يىل قورقۇنچلۇق، قانلىق ئۇرۇشتا نۇرغۇن ئادەملەر ئۆلدى. لېكىن ئۇ «ھارماگېددون جېڭى» («ۋەھىي» 16:16) ئەمەس ئىدى، ھەتتا ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن جەڭلەرنىڭ ھېچبىرى ھارماگېدونغا يېقىن جايدا يۈز بەرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى «ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى» تېخىمۇ قانلىق بولدى. دېمەك ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى «ساختا بېشارەت» بولماي نېمە؟ رۇسسېل ئەپەندى «يەھۋاغا قارشى چىققان» ھېسابلانامدۇ؟

«كۆزىتىش مۇنارى» 1914-يىلدىن باشلاپ نەشر قىلغان ژۇرناللىرىنىڭ سانلىرىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز تۆۋەندىكى توربەتلىرىگە كىرىڭ: —

http://www.cftf.com/1914/index.html#p5

تۆۋەندىكى تور بەتلىرىدىمۇ «كۆزىتىش مۇنارى»نىڭ تەلىملىرى تەپسىلىي تەھلىل قىلىنىدۇ (ئىنگلىز تىلىدا).

http://www.contenderministries.org/jehovahswitnesses/comparison.php

http://carm.org/biblical-response-to-jehovahs-witnesses

http://www.bethinking.org/jehovahs-witnesses/what-to-say-to-jehovahs-witnessesl

http://www.christiananswers.net/q-eden/edn-r005.html
http://www.gotquestions.org/Jehovahs-Witnesses.html

خەنزۇ تىلىدا: ــــ

http://www.gotquestions.org/Chinese/Chinese-Jehovahs-witnesses.html
http://www.gotquestions.org/T-Chinese/T-Chinese-Jehovahs-Witnesses.html
http://cclw.net/gospel/asking/yiduanbianhuo/htm/07.htm
http://cclw.net/gospel/new/zjjmbjb/htm/chapter07.html

مۇشۇ توربەتلەردە «كۆزىتىش مۇنارى»نىڭ ئۆزلىرى چىقارغان ژۇرناللىرىدىن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسچى ۋە يولباشچىلىرى بولغان چارلىس تەيز رۇسسېل، رۇتېرفورد سوتچى، ناتان كىنور قاتارلىقلارنىڭ قايتا-قايتا ساختا بېشارەتلەرنى بېرىپ (1937-، 1968-، 1974- ۋە 1975-يىللىرى توغرۇلۇق) ئەگەشكۈچىلىرىنى ئازدۇرغانلىقى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. «كۆزىتىش مۇنارى»دىكىلەر «بۇرۇن نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەنمەيتىكەنمىز» دەپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى خاتالىقلىرىنى ئاقلىسا بولمايدۇ. خۇدادىن كەلگەن خەۋەر 100٪ توغرا بولىدۇ. تەۋرات دەۋرىدە خۇدا ئۆز خەلقىگە «بېشارەت بەرگۈچىلەر» توغرۇلۇق قىلغان ئەمر مۇنداق: ــــ

بىرسى بېشارەت بەرگەن بولسا، بېشارەتتىكى مەزمۇننىڭ توغرىلىقى 100٪دىن تۆۋەن بولسا، ئۇنى چالما-كېسەك قىلىش كېرەك ئىدى.

«كۆزىتىش مۇنارى» تەشكىلاتى باشقىلارنى ئۆلچەشكە سالغان «تىنك ئۆلچىگۈچ يىپ»نى («ئاموس» 7:7-9نى كۆرۈڭ) ئۆزلىرىنى ئۆلچەشكە سالسا بولمامدۇ؟ شۇ تەشكىلاتنىڭ ئۆزى ساختا بىر پەيغەمبەر ئەمەسمۇ؟

تۆتىنچى سوئالغا كېلەيلى: —

## (پ) ئىنساننىڭ روھى پەقەت «نەپەس»لىمۇ؟

«كۆزىتىش مۇنارى» تەشكىلاتىنىڭ ئىنساننىڭ تەبىئەت-ماھىيىتى توغرۇلۇق تەلىمى شۇكى، «ئىنسان بولسا پۈتۈنلەي جىسمانىي بىر مەخلۇقتۇر» — دېمەك، ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە ئىنساننىڭ «روھىي ھاياتى»، «ئىچكى دۇنياسى» بىر جىسمانىي ھالەت، خالاس. ئۇلار گرېك تىلىدىكى «پنېيۇما» دېگەن سۆز ھەم «پسۇخە» دېگەن سۆزنى مەنىداش سۆزلەر دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى پەقەت «نەپەس»، «تىنىق» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە گرېك تىلىدىكى «پنېيۇما» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەم «روھ» ھەم «نەپەس» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ، «پسۇخە» دېگەن سۆز «جان» ياكى «ئىچكى دۇنيا» دېگەن

ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمما بۇ سۆزلەرنى ئىنجىل مەلۇماتىدىن تەھلىل قىلساق، «پسۇخە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ھوش»، ئەس-ھوش»، «جان»نى بىلدۈرىدۇ (ھازىرقى زاماندىكى «پسىخولوگىيە» سۆزى شۇ سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، «ئىنساننىڭ «پسۇخىسى» («پسىخىكا»سى)»نى تەتقىقات قىلىدىغان پەن دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ).

دۇرۇس، گرېك تىلىدا «پنېۇما» دېگەن سۆزنىڭ «نەپەس»، «تىنىق» دېگەن مەنىسمۇ بار. «كۆزىتىش مۇنارى»نىڭ تەلىمى بويىچە، ئادەم ئۆلگەندە ئۇنىڭ «تىنىق»ى يوق بولىدۇ. «ئۆلگەنلەر ئۇخلايدۇ» ـــ دېمەك، ئۆلگۈچىلەردە ھېچقانداق ئەس-ھوش بولمايدۇ، ئۇلار ھېچنېمە بىلمەيدۇ ـــ مانا بۇ ئۇلارنىڭ تەلىمىدۇر.

بۇ تەلىمنىڭ مۇتلەق خاتالىقىنى مۇقەددەس كىتابتىكى نۇرغۇن بەتلەردىن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

«يارىتىلىش» 26:1دە ئىنسانلار «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى»دا يارىتىلغان، دەپ ئوقۇيمىز. ئاندىن 7:2دە «پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمنى يەرنىڭ توپىسىدىن ياساپ، ھاياتلىق نەپەسىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا پۈۋلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئادەم تىرىك بىر جان بولدى» دەپ ئوقۇيمىز.

مانا مۇشۇ يەردە «ھاياتلىق نەپەسى»نى، خۇدا ئادەمئاتىمىزنىڭ بۇرنىغا پۈۋلىدى، ئۇ «تىرىك بىر جان» بولدى. ئىبرانىي تىلىدا (گرېك تىلىغا ئوخشاش) ھەم

«نەپەس» ھەم «روھ» بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ (ئىبرانىي تىلىدا «رۇئاھ»). ئىنسان «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى» بولغاچقا، خۇدادا روھ بار بولغانىكەن، ئىنساندىمۇ روھ بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

«پەند-نەسىھەتلەر» 27:20دە «ئادەمنىڭ روھ-ۋىجدانى (ئىبرانىي تىلىدا «روھى») — پەرۋەردىگارنىڭ چىرىغىدۇر، ئۇ قەلبىنىڭ ھەربىر تەگلىرىنى تەكشۈرۈپ پەرق ئېتەر» دەپ ئوقۇيمىز.

«روھ» چىراغ بولالايدۇ، لېكىن «نەپەس» ھەرگىز چىراغ بولالمايدۇ.

ئەزاكىيال پەيغەمبەر «يېڭى ئەھدە» توغرۇلۇق ۋەھىي قوبۇل قىلغاندا ئۇنىڭغا: «مەن سىلەرگە يېڭى قەلب بېرىمەن، ئىچىڭلارغا يېڭى بىر روھ سالىمەن؛ تېنىڭلاردىكى تاش يۈرەكنى ئېلىپ تاشلاپ، مېھرلىك بىر قەلبنى ئاتا قىلىمەن. مېنىڭ روھىمنى ئىچىڭلارغا كىرگۈزۈپ، سىلەرنى ئەمر-پەرمانلىرىم بويىچە ماڭغۇزىمەن، ھۆكۈملىرىمنى تۇتقۇزىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئەمەل قىلىسىلەر» دېيىلىدۇ.

ئادەمنىڭ روھى پەقەت ئۇنىڭ نەپەسى بولسا، ئۇنداقتا خۇدانىڭ ئۇنىڭغا «يېڭى بىر روھ»نى ئاتا قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

«ماركۇس» 8:2 بىز رەببىمىز توغرۇلۇق: «شۇئان ئەيسا روھىدا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە شۇنداق گۇمانىي سوئاللارنى

قوپۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتىپ،...» دەپ ئوقۇيمىز.

بىرسى ئۆز «تىنىقىدا» قانداقمۇ مەلۇم ئىش توغرۇلۇق مەلۇماتنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى بىلىپ يېتەلەيدۇ؟

رەببىمىز كرېستتە ئۆلگىنىدە، ئۇ «ئى ئاتا! روھىمنى قولۇڭغا تاپشۇردۇم» دېدى («لۇقا» 46:23).

ئەگەر روھ پەقەت «نەپەس» بولسا، «قولۇڭغا نەپەسىمنى تاپشۇرىمەن» دېيىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟

ئىستىپان رەب توغرۇلۇق گۇۋاھ بەرگەنلىكى ئۈچۈن چالما-كېسەك قىلىنغاندا «ئى رەب ئەيسا، مېنىڭ روھىمنى قوبۇل قىلغايسەن!» دەپ دۇئا قىلدى («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 59:7)

ئىنساننىڭ روھى پەقەت «نەپەس» بولسا، رەببىمىز ئەيساغا ئۇنى قوبۇل قىلىشنى ئىلتىجا قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

«كورىنتلىقلارغا (1)» 2:11-12دە ئىنساننىڭ روھى توغرۇلۇق ھەم شۇنداقلا خۇدانىڭ روھى توغرۇلۇق بەزى مۇھىم ھەقىقەتلەرنى ئوقۇيمىز: —

«چۈنكى ئىنسانلاردا، ئىنساننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگۈچى شۇ ئىنساننىڭ روھىدىن باشقا نەرسە بارمۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش، خۇدانىڭ روھىدىن باشقا، خۇدانىڭ كۆڭلىدىكىلىرىنى بىلگۈچى يوقتۇر. ئەمما بىزنىڭ قوبۇل قىلغىنىمىز بولسا بۇ دۇنيادىكى روھ ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كەلگەن روھتۇر؛ دەل شۇنداق بولغاچقا بىز خۇدا

تەرىپىدىن بىزگە سىخىيلىق بىلەن ئاتا قىلىنغان نەرسىلەرنى بىلىپ يېتەلەيمىز».
مۇشۇ يەردە «پەند-نەسىھەتلەر» 27:20دە ئايان قىلىنغانغا ئوخشاش، ئىنساننىڭ روھى ئۇنىڭ ئەڭ يادرولۇق يېرى بولۇپ، ئۇنىڭ «بىلىش فۇنكسىيىلىك ئەزاسى» ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز يۇقۇرىقى ئايەتتىن كۆرەلەيمىزكى، خۇدانىڭ ۋەھىيلىرى بولسا ئۇنىڭ روھى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىنساننىڭ روھىغا ئاتا قىلىنىدۇ (ئەلۋەتتە، مەزكۇر ئىنسان خۇدانىڭ روھىدىن «قايتا تۇغۇلغان» بولسا، يەنى ئۇنىڭدا «يېڭى بىر روھ» بولغان بولسا). خۇدانىڭ ئىنسان بىلەن ئالاقىلىشىشى بار بولسا «روھ بىلەن روھ ئۇچرىشىشى» بولىدۇ.
«ئىبرانىيلارغا» 12:22-24دە خۇانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ «زىئون تېغى»غا كېلىشى بىلەن ئېرىشكەن نۇرغۇن بەخت-بەرىكەتلەر ئىچىدە «تاكامۇللاشتۇرۇلغان ھەققانىي كىشىلەرنىڭ روھلىرىغا (كەلدۇق)» دېيىلىدۇ.
بۇ دۇنيادىن كەتكەن، ھازىر «زىئون تېغى»دا تۇرۇۋاتقان «ھەققانىي كىشىلەرنىڭ روھلىرى» قانداقمۇ ئۇلارنىڭ «تىنىقلىرى» بولسۇن؟!
گرېك تىلىدىكى «پنيۇما» («جان») دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئىنجىلدىكى «ۋەھىي» دېگەن كىتابنىڭ «بەشىنچى پېچەت»ى ئېچىلغاندا، روسۇل يوھاننا تۆۋەندىكى مەنزىرىنى كۆردى: ——

«خۇدانىڭ سۆز-كالامى ئۈچۈن ۋە ئىزچىل گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ۋەجىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جانلىرىنى قۇربانگاھنىڭ تېگىدە كۆردۈم. ئۇلار قاتتىق ئاۋاز بىلەن نىدا سېلىشىپ:

— ئەي ھاكىمۇتلەق ئىگىمىز، مۇقەددەس ۋە ھەقىقىي بولغۇچى! سەن قاچانغىچە يەر يۈزىدە تۇرۇۋاتقانلارنى سوراق قىلماي،ئۇلاردىن قېنىمىزنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمايسەن؟ — دېيىشەتتى.

ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئاق تون بېرىلدى. ئۇلارغا، ئۆزۈڭلەرگە ئوخشاش ئۆلتۈرۈلىدىغان قۇل-بۇرادەرلىرىڭلارھەم قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ سانى توشقۇچە ئازغىنە ۋاقىت ئارام ئېلىشىڭلار كېرەك، دەپ ئېيتىلدى» («ۋەھىي» 6:9-11)

ئەگەر ئۆلۈم ۋە تىرىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنسانلاردا ھېچقانداق ئەس-ھوش بولمىسا، بۇ «جانلار» قانداقمۇ خۇداغا ئەركىنلىك بىلەن دۇئا قىلالايدۇ، خۇدامۇ قانداقسىگە ئۇلارغا شۇنچە ئېنىق جاۋاب قايتۇرىدۇ؟

بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

ئەمدى بەشىنچى سوئالغا كەلدۇق: —

## (ت) «مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشى ھەقىقىي جىسمانىي تىرىلىش ئەمەسمۇ؟»

«كۆزىتىش مۇنارى»نىڭ «مەسىھ ئەيسانىڭ تىرىلىشى

توغرۇلۇق نۇرغۇن يىلدىن بېرى تەلىمى مۇنداق: —
«ئەيسانىڭ «تىرىلىشى» ھەقىقىي مەنىدىكى جىسمانىي تىرىلىش ئەمەس؛ گەرچە كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭ تېنى بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە «تىرىلگەن تەن» ئەمەس. ئۇ ھەرتۈرلۈك تەنلەردە كۆرۈنگەن، شۇڭا مۇخلىسلىرى (مەسىلەن توماس) ئۇنى دەرھال تونىيالمىغان، ھاتتا ئۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشەنمىگەن».

ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك رەببىمىزنىڭ تىرىلىشى پەقەت ئۇنىڭ «روھى» ياكى «جېنى»نىڭ بىرخىل ئايان قىلىنىشى بولسا، ئۇندىقتا بۇنداق «تىرىلىش»نى «تىرىلىش» دېگىلى بولامدۇ؟ يەنە كېلىپ، «كۆزنىتىش مۇنارى»نىڭ دېگىنىدەك: «روھ نەپەسكە باراۋەر» بولسا، «ئۇنىڭ نەپەسى تىرىلدى» دېگىلى بولامدۇ؟ «نەپەس» قانداقمۇ بىر شەخس بولۇپ كۆرۈنسۇن؟ بۇ زادى قانداق گەپ؟
«يوھاننا» 1:20-10دە بىزگە مەلۇم قىلىدۇكى، ئەيسانىڭ قەبرىسى قۇرۇق ئىدى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق جەسەت يوق ئىدى. «يوھاننا» 21:2دە ئەيسانىڭ تىرىلىشى توغرۇلۇق مۇنداق ئوقۇيمىز: «**ئەيسا: — ئۇشبۇ ئىبادەتخانىنى چۇۋۇۋېتسەڭلار، مەن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىمەن، — دېدى.**
**... ھالبۇكى، ئۇنىڭ «ئىبادەتخانا» دېگىنى ئۇنىڭ ئۆز تېنىنى كۆرسەتكەنىدى**».

دېمەك، ئۇنىڭ تېنى (گرېك تىلىدا «سوما») قايتىدىن تىرىلدۇ؛ ئۇ ئۆزى ئۇنى تىرىلدۈردۇ.
مەسىھ ئەيسا تىرىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئۆزىنى ئايان قىلغان بىرنەچچە كۆرۈنۈشلىرىگە قاراپلى: ——
«ۋە ئۇلار بۇ ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقاندا، ئۆزى تۇساتتىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولۇپ:
– سىلەرگە ئامان-خاتىرجەملىك بولغاي! – دېدى.
ئۇلار بىرەر روھنى ئۇچراتتۇقمۇ نېمە، دەپ خىيال قىلىپ، ئالاقزادە بولۇشۇپ ۋەھىمىگە چۈشتى.
ئۇ ئۇلارغا:
— نېمىگە شۇنچە ئالاقزادە بولۇپ كەتتىڭلار؟ نېمىشقا قەلبىڭلاردا شەك-گۇمان چىقىپ تۇرىدۇ؟ قوللىرىمغا ۋە پۇتلىرىمغا قاراپ بېقىڭلار! مېنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكىمنى بىلىڭلار! مېنى تۇتۇپ كۆرۈڭلار، روھنىڭ ئەت بىلەن سۆڭىكى يوق، لېكىن مەندە بارلىقىنى كۆرىسىلەر، — دېدى.
ۋە شۇنداق دېگەچ پۇت-قولىنى كۆرسەتتى. ئۇلار خۇشلۇقتىن ئىشەنگۈسى كەلمەي ھەيرانۇھەس تۇرغىنىدا ئۇ ئۇلاردىن:
– سىلەرنىڭ بۇ يەردە يېگۈدەك نەرسەڭلار بارمۇ؟ – دەپ سورىدى. ئۇلار بىر پارچە بېلىق كاۋىپى ۋە بىر پارچە ھەسەل كۆنىكىنى ئۇنىڭغا سۇنۇۋىدى، ئۇ ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا يېدى» («لۇقا» 24:36-43)
بۇنىڭدىن رەببىمىزنىڭ جىسمانىي بىر تەندە، ئەمەلىي

بىر تەندە تىرىلگەنلىكى تېخىمۇ ئېنىق تۇرمامدۇ؟ نېمىشقا ئۇ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىرنەرسە يەيدۇ؟ ئۇنىڭ قورسىقى ئاچتىمۇ؟ ئۇلارغا ئۆزىنى مەن بىر «روھ» ئەمەس، ھەقىقىي «مەن» دەپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئۇلارغا: «مېنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكىمنى بىلىڭلار! مېنى تۇتۇپ كۆرۈڭلار، روھنىڭ ئەت بىلەن سۆڭىكى يوق، لېكىن مەندە بارلىقىنى كۆرىسىلەر» دەيدۇ. ئۇ قانداقتۇر بىرخىل «روھىي كۆرۈنۈش» ئەمەستۇر. ئۇ نېمىشقا «سۆڭەكلىرىم بار» دەيدۇ؟ ئەگەر روسۇللىرى پەقەت بىر «سىرتقى كۆرۈنۈش»نىلا كۆرگەن بولسا، ئۇنداقتا «سۆڭەكلەر»نى تىلغا ئېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ سۆڭەك ئادەمنىڭ تېنى ئىچىدە بولمامدۇ؟!

مەسىھ تىرىلگەندىن كېيىن ئۆزىنى مۇخلىسلىرىغا يەنە بىر قېتىم ئايان قىلغىنىغا قارايلى: «يوھاننا» 21:21دە ئوقۇيمىز: —

«– كېلىڭلار، ناشتا قىلىڭلار – دېدى. مۇخلىسلارنىڭ ئىچىدىن ھېچكىم ئۇنىڭدىن:

– سەن كىم بولىسەن؟ – دەپ سوراشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى بىلدى» («يوھاننا» 12:21)

« – كېلىڭلار، ناشتا قىلىڭلار...». قىزىق بىر ئىش شۇكى، مۇقەددەس كىتابتا بىرنەچچە يەردە مۇنداق تەرتىپ كۆرۈنىدۇ: (1) تىرىلىش؛ (2) «تىرىلىش» مۆجىزىسىدىن كېيىن، خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىنىڭ پات-پات بىللە

تاماقلىنىشى.

مەسىھ ئەيسا كىچىك بىر قىزچاقنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇ قىزچاقنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئۇنىڭغا بىرنەرسە يېگۈزۈشنى ئەمر قىلدى: — «ئەيسا: — «تالىتا كۇمى» دېدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «قىزىم، ساڭا ئېيتىمەنكى، ئورنۇڭدىن تۇر» دېگەنلىك ئىدى. قىز دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى.... ئۇ ئۇلارغا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى قاتتىق تاپىلىدى، شۇنداقلا قىزغا يېگۈدەك بىرنېمە بېرىشنى ئېيتتى» («ماركۇس» 5:40-43).

ئەيسا مەسىھ لازارۇسنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەندىن كېيىن («يوھاننا» 11-باب)، ئۇزۇن ئۆتمەي بىز ئۇنىڭ لازارۇس ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى، شۇنداقلا ئۆز مۇخلىسلىرى بىلەن بىللە تاماقلانغىنىنى كۆرىمىز («يوھاننا» 12-بابتا).

مەسىھ تىرىلگەندىن كېيىن، مۇخلىسلىرىدىن ئىككىسى ئېمايۇس يېزىسىغا كېتىۋاتقاندا، ئۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، يولدا ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ مۇڭدىشىپ ماڭىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنى تونۇمايدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ مېھمان بولۇپ ئولتۇرغاندا، ئۇ قولىغا نان ئېلىپ ئوشتۇپ ئۇلارغا بېرىدۇ — شۇ چاغدىلا ئۇلار ئۇنى تونۇيدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇ ئۇلار بىلەن تاماقتا بىللە بولىدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ تىرىلىشىنىڭ ھەقىقىي، جىسمانىي تەن جەھەتتىن بولغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ («لۇقا» 24:30-31). بۇ ئىش يەنە روسۇل پېترۇس تەرىپىدىن ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ: —

«بىراق ئۈچىنچى كۈنى، خۇدا ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈپ نامايان قىلدى. بىراق ھەممە كىشىلەرگە ئەمەس، پەقەت خۇدا ئۆزى ئالدى بىلەن تاللىغان گۇۋاھچىلار، يەنى ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھەمداستىخان بولغان بىزلەرنىڭ ئارىمىزدا نامايان قىلدى» («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 41-40:10)

بۇ گۇۋاھلىق بولسا رەب ئەيسا مەسىھنىڭ «ھەقىقىي، جىسمانىي تەندە بولغان تىرىلىشى»نى تەكىتلەش ئۈچۈن بېرىلگەن ئەمەسمۇ؟

رەببىمىزنىڭ تىرىلدۈرۈلگەن تېنى دەرۋەقە بىزنىڭ ھازىرقى تېنىمىزدىن باشقىچە، بەك ئالاھىدىدۇر. ئۇ خالىغانچە تۇيۇقسىز كۆرۈنىدۇ، تۇيۇقسىز غايىب بولىدۇ. ئۇ خالىسا بىرنەچچە خىل سىياقتا كۆرۈنەلەيدۇ؛ يۇقىرىدا، ئىككى مۇخلىسقا ئېمائۇسقا بارغان يولدا كۆرۈنگەندە «بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېزىغا كېتىۋاتقان ئىككەيلەنگە باشقا سىياقتا كۆرۈندى» دەپ ئوقۇيمىز. «ماركۇس» 12:16). نېمىشقا ئۇنى تونۇيالمايدۇ؟ ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى باشقىچە بولغانلىقى تۈپەيلىدىنمۇ؟ ياق، ھالقىلىق مەسىلە شۇكى، «ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇنى تونۇشتىن تۇتۇلدى» («لۇقا» 16:24)

ئىنجىلدا باشقا يەرلەردە «ئۇلار ئۇنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى بىلدى» دەپ ئوقۇيمىز (مەسىلەن، «يوھاننا» 12:21دە)

تىرىلگەندىن كېيىن مەسىھ ماگداللىق (ماجداللىق) مەريەمگە كۆرۈنگەندە، ئۇنىڭغا «ماڭا ئېسىلمىغىن!» دەپ بۇيرۇدى («يوھاننا» 20:21). نېمىشقا «ماڭا ئېسىلمىغىن!» دەيدۇ؟ «بىر روھ»، «بىر نەپەس»نى تۇتۇش، ياكى ئۇنىڭغا ئېسىلىش مۇمكىنمۇ؟

مەسىھ دەپنە قىلىنغان قەبرە ھازىرغىچە قۇرۇقتۇر. نېمىشقا قۇرۇق؟ ئۇنىڭ تېنى نەگە كەتتى؟ نېمىشقا باش كاھىنلار ۋە ئاقساقاللار پارا بېرىپ «مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئوغرىلاپ كەتتى» دەپ گەپ تارقىتىدۇ؟

رەببىمىز دەرھەقىقەتەن تەندە، جىسمانىي جەھەتتىن ئۆلۈمدىن تىرىلدى؛ ئۇ يەنە تەندە، جىسمانىي جەھەتتىن «زەيتۇن تېغى»دىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى؛ ئۇ كۆتۈرۈلگەندە مۇخلىسلارنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككى پەرىشتىنىڭ سۆزلىرى بويىچە «شۇ ئەيسانىڭ ئاسمانغا قانداق كۆتۈرۈلگىنىنى كۆرگەن بولساڭلار، يەنە شۇ ھالدا قايتىپ كېلىدۇ» — ئۇ ھەقىقىي بىر تەندە قايتىپ كېلىدۇ؛ زەكەرىيا پەيغەمبەر بېشارەت بەرگەندەك «ئۇنىڭ پۇتلىرى شۇ كۈنى يېرۇسالېمنىڭ شەرقىي تەرىپىنىڭ ئەڭ ئالدى بولغان زەيتۇن تېغىدا تۇرىدۇ». دېمەك، ئۇ قايسى يەردىن كۆتۈرۈلگەن بولسا، ئۇ شۇ يەرگە، يەنى «زەيتۇن تېغىغا» قايتىپ كېلىپ، توۋا قىلغان ئىسرائىل خەلقىنى دۈشمەنلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ.

(«لۇقا» 24:50-51، «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»

12-9:1، «زىكرىيا» 3:14-4نى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئەزاكىيال» 23:11نى كۆرۈڭ).

## خۇلاسە

«كۆزىتىش مۇنارى» تەشكىلاتىنىڭ ساختا پەيغەمبەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئالدامچىلىق خىزمىتىنىڭ ساختا پەيغەمبەرلەر ھەم ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر تەرىپىدىن داۋام قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، يۇقىرىدا ئۇلارنىڭ ئەھكام-تەلىملىرىدىن بىز پەقەت بىرنەچچە ھالقىلىق نۇقتىنى تاللاپ تەھلىل قىلدۇق. رەببىمىز بىزگە ئاگاھلاندۇرغاندەك («ماتتا» 15:7، 11:24) ئاخىرقى زاماندا «نۇرغۇن ساختا پەيغەمبەرلەر مەيدانغا چىقىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرىدۇ»؛ «كۆزىتىش مۇنارى» دەل شۇلاردىن بىرىدۇر. رەببىمىز ئوقۇرمەننى بارلىق ئالدامچىلىقتىن، بارلىق يالغانچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ، ئاجايىب مېھرى-شەپقىتى بىلەن ئۇنى قاراڭغۇلۇقنىڭ پادىشاھلىقىدىن ئۆزىنىڭ تىلسىمات يورۇقلۇقىغا قۇتقۇزغاي! ئىزدىنىشىڭىزنى، رەب ئەيسا مەسىھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ھەقىقەتەن بىلىپ يېتىشىڭىزنى تۇسالغۇغا قارىماي داۋاملاشتۇرغايسىز؛ ئۇ پەرىشتە ئەمەس،

تولۇق خۇدا، خۇدانىڭ ئوغلى، ھەم تولۇق ئىنساندۇر؛ ۋە ئۇ تولۇق خۇدا ۋە تولۇق ئىنسان بولغاچقا، ئۇنىڭ كرېستتىكى مىخلىنىپ بولغان قۇربانلىقى مۇكەممەل بولۇپ، ئۇ بارلىق ئىنسانلارنى گۇناھلىرىدىن يۇيالايدۇ ۋە بارلىق ئىنسانلارنى گۇناھنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن قۇتقۇزالايدۇ.

پەقەت تولۇق خۇدا ۋە تولۇق ئىنسان بولغاچقا، ئۇ «باش كاھىن» سۈپىتىدە «ئۆزى ئارقىلىق خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەنلەرنى ئۈزۈل-كېسىل قۇتقۇزۇشقا قادىر» ۋە شۇنداقلا «خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا بىردىنبىر كېلىشتۈرگۈچى»دۇر. نىجاتلىق بولسا پەقەت ئۇنى ئۇنىڭ روھى ئارقىلىق بىۋاستە تونۇشتىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

«مەڭگۈلۈك ھايات شۇكى، بىردىنبىر ھەقىقىي خۇدا – سېنى ۋە سەن ئەۋەتكەن ئەيسا مەسىھنى تونۇشتىن ئىبارەتتۇر» («يوھاننا» 3:17).